| بېجىرگەن ئىشخانا |
| --- |
| |

مۇھىم ئىزاھات

AsylG نىڭ 22-بۆلەك 3-پاراگرافى ئۈچۈن كۆرسەتمە

| |
| --- |
| فامىلىسى |
| ئىسمى |
| تۇغۇلغان ۋاقتى |
| دۆلەت تەۋەلىكى |

| |
| --- |
| ئىلتىماس نومۇرى{5}:<br>(تەپسىلى چۈشەندۈرۈلۈك) |

ھۆرمەتلىك پاناھلىق تىلىگۈچى:

سىز گېرمانىيە فېدېرال جۇمھۇرىيىتىدە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇردىڭىز. سىز بۇ ئارقىلىق زىيانكەشلىك ياكى سىزگە يېقىن جايدىكى جىددىي خەۋپتىن پاناھلىنىشنى تەلەپ قىلدىڭىز.

پەقەت رەسمىي شەكىلدە پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرغاندىن كېيىنلا پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزغا قاراپ چىقىش ھەمدە سىزنى پاناھلىق تىلىگۈچى، دەپ ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. شەخسەن كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فېدېرال ئىشخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماق ئىشخانىسىدا مۇشۇ ئىلتىماسنى تاپشۇرۇشىڭىز لازىم. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاندىن سىزنىڭ پاناھلىققا ئىلتىماسىڭىزنى بىر ياقلىق قىلىش باشلىنىدۇ. سىزگە سوت جەريانىدا پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئاقلاش پىكرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتى بېرىلىدۇ.

مۇشۇ جايدا پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرغاندىن كېيىن سىزگە پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاماملاش ئۈچۈن ئولتۇرۇم رۇخسىتى (تۇرۇش گۇۋاھنامىسى) بېرىلىدۇ. بۇ گۇۋاھنامە بىلەن قوبۇل قىلىش مەركىزى دائىرىسىدىكى تەۋەلىكتە تۇرسىڭىز بولىدۇ.

دەسلەپ سىزنى قوبۇل قىلىش مەركىزىگە يۆتكەيمىز. پاناھلىققا ئىلتىماس سۇنغانلار بۇ جايدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. قوبۇل قىلىش مەركىزىدە قايسى كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فېدېرال ئىشخانىسىغا پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزنى تاپشۇرىدىغانلىقىڭىز ئۇقتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كېچىككەندىمۇ ...................... دىن بۇرۇن تۆۋەندىكى قوبۇل قىلىش مەركىزى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

قوبۇل قىلىش مەركىزى :.................................

.................................

ئەگەر بۇ تەلەپنى ئورۇنلىمىسىڭىز پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزنى قايتۇرىۋالغان، دەپ قارىلىدۇ ھەمدە پاناھلىق ئىلتىماسى بىجىرىلمەيدۇ. ئەگەر باشقا بىر ياۋروپا دۆلىتى سىزنىڭ قوغدىنىش تەلىۋىڭىزگە قاراپ چىقىشقا مەسئۇل بولسا كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فېدېرال ئىشخانىسى سىزنى شۇ دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. ئەگەر يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇچرىشىش ۋاقتىدا كەلمىسىڭىزمۇ مۇشۇ قارار ئېلىنىدۇ.

مەن بۇگۈن مۇشۇ كۆرسەتمىنى تاپشۇرىۋالدىم.

مەزكۇر كۆرسەتمە ....... تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن.

| ................. | | ........................... |
|---|---|---|
| ئورۇن | چېسلا | ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى قانۇنىي ۋەكىلىنىڭ ئىمزاسى |